# 21902 - شەرئىي ۋىردلار(دۇرۇدلار) ھەققىدە كۆرسەتمىلەر

## سوئال

دۇرۇد تاج ، دۇرۇد لاخىي ۋە دۇرۇد تۇناجىينا قاتارلىقلارغا ئوخشاش دۇرۇدلارنى ئوقۇش بىدئەتمۇ ؟

## تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

بۇ دۇرۇدلاردىكى نەرسىلەر ھەققىدە بىر نەرسە بىلمەيمىز ، بىراق بىز سىزگە نىمىنىڭ ئىسلامدا بەلگىلەنگەن نەرسە ۋە نىمىنىڭ بىدئەتلىكىنى بىلىشىڭىز ئۈچۈن سىز ئەگىشىدىغان بىر قىسىم كۆرسەتمىلەرنى سىزگە ئېيتىپ بېرەلەيمىز :

1- ئەڭ ياخشى ۋىردلار بولسا پەيغەمبەردىن نەقىل قىلىنغان سۆزلەر ، چۈنكى ئاللاھ ئۇنىڭغا پەقەت ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ ياخشىسىنى تاللىغان ، ھەمدە پەيغەمبەرمۇ ئۈممىتىگە پەقەت شۇنى تاللىغان .

2- كىشى پەيغەمبەرگە شەرىئەتتە نەقىل قىلىنمىغان سۆزلەر ئارقىلىق ، ئەگەر ئۇ سۆزلەر پەيغەمبەر ھەققىدە ئاشۇرۋېتىش ، ياكى پەيغەمبەرنى شىپى قىلىپ ئاللاھقا دۇئا قىلىش ، ياكى ئاللاھنى قويۇپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىش قاتارلىق چەكلەنگەن ھەرقانداق بىر نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغانلا بولسا ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ تەرىپلىشىنى سورىسا بولىدۇ .

3- ئاللاھنى ياد ئەتكۈچى(زىكرى قىلغۇچى) سەھىيھ دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلانغانلىردىن سىرىت ، زىكرى قىلىشقا مۇئەييەن ۋاقىت ، سان ياكى شەكىل بەلگىلمەسلىكى كېرەك ، چۈنكى ئاللاھقا ، ئۇ كىتابىدا ياكى پەيغەمبىرىنىڭ تىلىدا بەلگىلىگەن شەكىلدىن باشقىسىدا ئىبادەت قىلىنمايدۇ .

4- ئىبادەت چوقۇم ئىبادەتنىڭ ئۆزى ، شەكلى ، ۋاقتى ۋە مىقدارى جەھەتتە شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن بولۇشى كېرەك . كىمكى تېكىستى پەيغەمبەردىن نەقىل قىلىنمىغان ۋىردنى قوللىنىدىكەن ھەمدە ئۇنىڭغا مۇئەييەن سان بېكىتىدىكەن، ياكى ئۇنى قىلىشقا مۇئەييەن ۋاقىت بېكىتىدىكەن ، ئۇنداقتا ئۇ بىدئەتنى سادىر قىلغان بولىدۇ . ئالىملار بۇ بىدئەتنى بىدئەتۇ ئىزافە( قوشۇلما بىدئەت) دەپ ئاتىدى ، چۈنكى بۇ ئىبادەتنىڭ ئۆزى شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭغا شەكىل ، قىتىم سانى ياكى قاچان قىلىنىشى جەھەتتە بىر قىسىم يېڭى نەرسىلەر قېتىلغان بولىدۇ .

سىز شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىڭىز كېرەككى ، بارلىق ياخشىلىق پەيغەمبەردىن نەقىل قىلىنغان نەرسىگە ئەگىشىشتە بولىدۇ . كىمكى بۇ سۈننىي ۋىردلارنى ئوقۇيدىغانلارنى تەتقىق قىلسا ئۇلارنىڭ ئادەتتە پەيغەمبەردىن نەقىل قىلىنغان ئەتتىگەن ۋە كەچلىك زىكرىلەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ۋىردلارنى قىلىشقا توغرا كەلگەندە سەل قارايدىغانلىقىنى بايقايدۇ ، بۇ بەزى پىشقەدەملەردىن(سەلەفلەردىن) نەقىل قىلىنغان نەرسىنى ، يەنى كىشى بىر

بدئەتنی پەیدا قلسلا ، شۇنڭغا ئوخشاش بر سۈننەتنی تاشلایدۇ .

هەمدە ئاللاه یاخشی بلدۇ .